ئىستىقلال ئاۋازى

# ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

ئومۇمىي 11 ـ سان

ئىيۇن 2021

توغرا تەشۋىقات ئۆيغىنىشنىڭ تۈنجى باسقۇچىدۇر






# «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى»نىڭ تۇنجى قېتىملىق سوتى لوندوندا رەسمىي ئېچىلدى

DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى

Istiqlal TV Istiqlal TV Istiqlal TV Istiqlal TV



# بايدېن قارا تىزىملىكتىكى خىتاي شىركەتلىرىنى تېخىمۇ كۆپەيتتى

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، پرېزىدېنتى جوۋ بايدېن 3 - ئىيۇن يېڭى مەمۇرىي بۇيرۇققا ئىمزا قويۇپ، ئامېرىكا پۇقرالىرى ۋە ئورگانلىرىنىڭ خىتاينىڭ 59 شىركىتىگە مەبلەغ سېلىشىنى چەكلىگەن.

بايدېننىڭ مەزكۇر بۇيرۇقىدا سابىق پرېزىدېنت تىرامپ تۈزۈپ چىققان خىتاي شىركەتلىرىنىڭ «قارا تىزىملىكى» تېخىمۇ كېڭەيتىلگەن. تىرامپ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە ئامېرىكىلىقلارنىڭ خىتاينىڭ ھەربىي ۋە بىخەتەرلىك ئورگانلىرىنى تەمىنلەيدۇ ياكى قوللايدۇ، دەپ قارالغان 31 خىتاي شىركىتىنىڭ پاي چېكىنى سېتىۋېلىشىنى چەكلىگەن بولۇپ، بۇ تىزىملىكتە خىتاي كۆچمە خەۋەرلىشىش شىركىتى، خىتاي تېلېگراف شىركىتى، خەيكاڭ شىركىتى ۋە خىتاي تۆمۈر يول قۇرۇلۇش شىركىتى قاتارلىق مۇھىم شىركەتلەر ئورۇن ئالغان ئىدى. بۇ خىتاي ماگناتلىرىنىڭ باش كۆتۈرۈشىنى تىزگىنلەشنى مەقسەت قىلغان بىر قاتار تەدبىرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، خىتاي - ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈۋەتكەن ئىدى.

گەرچە بايدېن ھۆكۈمىتى ئىلگىرى تىرامپنىڭ خىتايغا قاراتقان دىپلوماتىك داۋالغۇشىدىن كېيىن، خىتايغا قارىتا سىلىق دىپلوماتىك يول تۇتىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنە دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە تېخنىكىسى قاتارلىق بىر قانچە مەسىلىدە خىتايغا قارشى قاتتىق مەيداننى ساقلايدىغانلىقىنى ئېيتقان. يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايغا تۇتقان قاتتىق پوزىتسىيەسى پارلامېنتتا ئاز ئۇچرايدىغان دەرىجىدە پارتىيە ھالقىغان قوللاشقا ئېرىشكەن.

مەزكۇر مەمۇرىي بۇيرۇق 2 - ئاۋغۇستتىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىدىغان بولۇپ، تىزىملىكتىكى خىتاي شىركەتلىرىنىڭ پاي چېكىنى سېتىۋالغان ئامېرىكىلىقلار بىر يىل ئىچىدە مەبلىغىنى قايتۇرۇۋېلىشى كېرەك ئىكەن.





# دوكلات: تۈركىيە ۋە مالايشىيادىكى ئۇيغۇرلار تور ھۇجۇمغا ئۇچرىشى مۇمكىن

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۈگۈنكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئىسرائىلىيەنىڭ بىر تور بىخەتەرلىك شىركىتى خىتاي خاككېرلىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ھۆكۈمەت سىستېمىسىغا ھۇجۇم قىلغانلىقىنى، چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ھۇجۇم نىشانى بولغانلىقىنى ئاشكارىلىغان.

«تەكشۈرۈش نۇقتىسى» ناملىق مەزكۇر شىركەتنىڭ تەتقىقات ئورگىنى 3 - ئىيۇن ئېلان قىلىنغان ئەڭ يېڭى ئانالىز دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ھۆكۈمەت سىستېمىسىغا ھۇجۇم قىلغان خاككېرلار ھۆكۈمەت خادىمى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىگە ئېلخەت ئارقىلىق ۋىرۇد ھۆججىتى ئەۋەتكەن. ئىشلەتكۈچىلەر بۇ ھۆججەتلەرنى ئاچقاندىن كېيىن، كومپيۇتېر خاككېرلار تەرىپىدىن بېكىتىلگەن سىرتقى مۇلازىمېتىردىن يامان غەرەزلىك قوراللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆججەتلەرنى داۋاملىق چۈشۈرگەن.

دوكلاتتا بىلدۈرۈلۈشىچە، خاككېرلار ئىشلەتكۈچىنىڭ كومپيۇتېرىدىكى ھۆججەتلەرنى ئۆچۈرۈپ، قۇرالايدىكەن. ئىسىم ئۆزگەرتەلەيدىكەن، كومپيۇتېردىكى ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلەيدىكەن. كومپيۇتېر ئېكرانىنى كونترول قىلالايدىكەن، ھەتتا كومپيۇتېرنى تاقىۋېتەلەيدىكەن.

مەزكۇر شىركەتنىڭ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ قارىشىچە، خاككېرلار تەشكىلاتى بۇ ھۇجۇم ئىستراتېگىيەسىنى كەم دېگەندە ئۈچ يىل داۋاملىق سىناق قىلغان. تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇلارنى خىتاي خاككېرلىرى دەپ قارىشىدا بەلگىلىك دەلىلى بار ئىكەن.

ئۇندىن باشقا خاككېرلار ئۇيغۇرلارغا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ بەلگىسى قويۇلغان ساختا ھۆججەتلەرنى ئەۋەتىش ئارقىلىق ۋىرۇسلۇق دېتاللارنى ئورناتقان.

خاككېرلار يەنە ئىشلەتكۈچىگە «تۈرك مەدەنىيەت ۋە ئەنئەنە فوندى» دەپ ئاتىلىدىغان ساختا تور بېكەتنى يوللىغان. ئەگەر ئابونت تور بېكەتتىكى «ياردەم ئىلتىماس قىلىش» ئۇلانمىسىنى چەكسە، ئۇلاردىن ئاتالمىش بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشىنى قوبۇل قىلىش تەلەپ قىلىنىدىكەن. بۇ قەدەم باسقۇچلار ئارقىلىق خاككېرلار ئىشلەتكۈچىنىڭ سىستېمىسىدىكى سانلىق مەلۇماتلارنى زىيارەت قىلىشقا يول ئاچىدىكەن.

دوكلاتتا ئاشكارىلىنىشىچە، ئۇيغۇر ئىجتىمائىي توپىغا قارىتىلغان بۇ تور ھۇجۇمى 2020 - يىلى ئەڭ ئاكتىپ بولۇپ، ھازىرمۇ داۋام قىلماقتىكەن. تەتقىقاتچىلار يەنە خاككېرلارنىڭ تۈركىيە ۋە مالايشىيادىكى ھۆكۈمەت ئورگىنى قىياپىتىگە كىرىۋالغان ساختا تور بېكەتلەرنى قۇرغانلىقىنى بايقىغان. بۇ خاككېرلارنىڭ كەلگۈسىدە بۇ ئىككى دۆلەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىكەن.

# تەتقىقات دوكلاتى: شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ يېڭى ئىسپاتى ئاشكارىلاندى



ئالما خەۋەرلىرى تورىنىڭ بۈگۈنكى خەۋىرىدە ئاشكارىلىنىشىچە، ب د ت ئېلان قىلغان بىر دوكلاتتا ئاشكارىلىنىشىچە، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ھەققىدە يېڭى ئىسپات بايقالغان بولۇپ، خىتاي 20 يىل ئىچىدە ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللەتلەر ئىچىدىن 4 مىليون 500 مىڭ ئادەمنى ئازايتىشنى پىلانلىغان.

بىلدۈرۈلۈشىچە، رويتېر ئاگېنتلىقى گېرمانىيەلىك تەتقىقاتچى ئادرىيان زېنزنىڭ ئەڭ يېڭى تەتقىقات دوكلاتىغا ئېرىشكەن. دوكلاتتا، خىتاينىڭ ئىلمىي ئورگانلىرى ۋە رەسمىي سانلىق مەلۇماتلىرىنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا مەجبۇرىي تۇغۇت چەكلەشنى يولغا قويۇش، نوپۇسنى باشقا رايونلارغا سۈرگۈن قىلىش ۋە مىليونلىغان كىشىلەرنى لاگېرىغا سولاش قاتارلىق ۋاستىلەر بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭ نوپۇسىنى ئازايتىشنى نىشان قىلغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

خىتاي ئىلگىرىكى ئېلان قىلغان رەسمىي سانلىق مەلۇماتلىرىدا، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 2040 - يىلى 13 مىليون 240 مىڭغا يېتىشى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان. شەرقىي تۈركىستاندا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كونترول قىلىش تەدبىرلىرى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، 20 يىل ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللەتلەرنىڭ نوپۇسىنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى چۈشۈپ، 8 مىليون 600 مىڭدىن 10 مىليون 500 مىڭ ئارىلىقىدا بولغان. تۇغۇت چەكلەش سىياسىتى يولغا قويۇلۇشتىن بۇرۇنقى ھالەتتىن تەخمىنەن 4 مىليون 500 مىڭ نوپۇس ئازلىغان. نۆۋەتتە، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ھازىرقى نوپۇسى تەخمىنەن 9 مىليون 470 مىڭ ئىكەن.



ئادرىيان زېنز ئەپەندىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بۇ تەتقىقات خىتاينىڭ ئۇيغۇر نوپۇسىنى ئۇزۇن مۇددەت كونترول قىلىشتىكى ھەقىقىي مەقسىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىكەن. خىتاينىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرگە قاراتقان نوپۇس كونترول قىلىش سىياستى نەتىجىسىدە، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي نوپۇسىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى %8.4 تىن %25 كە ئۆرلىگەن. بۇ ھالەت شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك ئاھالىنىڭ زور دەرىجىدە شاللىنىش ئەھۋالىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

ئادرىيان زېنز ئەپەندىنىڭ مەزكۇر تەتقىقات دوكلاتى خىتاي تور بەتلىرى ئارقىلىق تەكشۈرۈلگەن تۇنجى ئۇزۇن مۇددەتلىك نوپۇس ئانالىز دوكلاتى بولۇپ، رويتېر ئاگېنتلىقى بۇ دوكلاتتا ئىشلىتىلگەن ئىستاتىستىكىلىق مەلۇمات ۋە ئۇسۇللار ھەققىدە ئوندىن ئارتۇق نوپۇس مۇتەخەسسىسىدىن مەسلىھەت سورىغان. ئۇن نەچچە تەتقىقاتچىنىڭ ھەممىسى بىردەك ئادرىيان زېنز ئەپەندىنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلى ۋە يەكۈنىنىڭ ئاساسى بار دەپ قارىغان.

مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي ئەمەلدارلىرى يېقىندا ئېلان قىلغان نوپۇس سانلىق مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللەتلەرنىڭ تۇغۇش نىسبىتى 2017 - يىلدىن 2019 - يىلغىچە %50 كە يېقىن تۆۋەنلىگەن.

خىتاي دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى رېيتېر ئاگېنتلىقى ئېلان قىلغان دوكلاتقا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، «شىنجاڭدا ئىرقىي قىرغىنچىلىق بار دەپ ئەيىبلەشلەرنىڭ ھەممىسى ياسالما، بۇ ئەيىبلەشلەرنى غەرب خىتايغا قارشى قەستەن ئويدۇرۇپ چىقاردى»دەپ بىلجىرلىغان.





# «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى»نىڭ تۇنجى قېتىملىق سوتى لوندوندا رەسمىي باشلاندى

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئەنگلىيەنىڭ لوندون شەھىرىدە قۇرۇلغان مۇستەقىل «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى»نىڭ تۇنجى قېتىملىق ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى بۈگۈن لوندوندا شۇ جاي ۋاقتى چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە رەسمىي باشلاندى.

يىغىن سوت كوللېگىيەسىنىڭ رەئىسى جېفرى نايسنىڭ ئېچىلىش سۆزى بىلەن باشلاندى. جېفرى ئەپەندى سوت كوللېگىيەسىدىكى ھەر بىر ئەزانى بىرمۇبىر تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى ۋە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن، مەزكۇر سوت ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بەردى.

تۆت كۈن داۋاملىشىدىغان بۇ قېتىملىق سوتتا لاگېر شاھىتلىرىدىن قەلبىنۇر سىدىق، ئۆمەر بېكالى، زۇمرەت داۋۇت، مېھرىگۈل تۇرسۇن، سايراگۈل ساۋۇتباي ۋە تۇرسۇنئاي زىياۋۇدۇن قاتارلىقلار گۇۋاھلىق بېرىدىغان بولۇپ، بۈگۈنكى تۇنجى قېتىملىق سوتنىڭ بىرىنچى بۆلۈمىدە قەلبىنۇر سىدىق ۋە ئۆمەر بېكالى سوت كوللېگىيەسى ئەزالىرىنىڭ سوئاللىرىغا بىرمۇبىر جاۋاب بەردى. لاگېر شاھىتى قەلبىنۇر خانىم خىتاينىڭ يېقىندىن بېرى ئۆزىگە ئۈندىدار ۋە باشقا ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرى ئارقىلىق تەھدىت سالغانلىقىنى قىستۇرۇپ ئۆتتى.

بۈگۈن جەمئىي توققۇز كىشى گۇۋاھلىق بېرىدىغان بولۇپ، سەككىزى ئۇيغۇر، بىرى چەتئەللىك ئىكەن. ئىككىنچى باسقۇچتا ئۇيغۇر ئەدلىيە ئارخىپ ئامبىرىنىڭ تەتقىقاتچىسى مۇئەتتەر ئىلقۇت، نورۋېگىيەدىن پاتىگۈل تالىق، شۋېتسىيەدىن سايراگۈل ساۋۇتباي ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ۋە جورج ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتى تېررورلۇققا قارشى مۇتەخەسسىسى روبېرت ئەپەندى قاتارلىقلار گۇۋاھلىق بېرىدىكەن.

مۇستەقىل سوت كوللېگىيەسىنىڭ بۇ ھەرىكىتى خىتاينى قاتتىق بىئارام قىلغان بولۇپ، 3 - ئىيۇن خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى باياناتچىسى ۋاڭ ۋېنبىن مۇخبىرلارنىڭ بۇ ھەقتىدە سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ، ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسىنىڭ قانۇنسىز ۋە ئىناۋەتسىز ئىكەنلىكىنى، دۈشمەن كۈچلەر تەرىپىدىن قۇرۇپ چىقىلغانلىقىنى ئېيتىپ بىلجىرلىغان.

مەزكۇر سوت دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ تەشەببۇسى ۋە خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ قوللىشى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، 4 - ئىيۇندىن 7 - ئىيۇنغىچە داۋاملىشىدۇ. بۇ خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان جىنايەتلىرىنى تۇنجى قېتىم چەت ئەلدە سوتلاش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

# خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى سىستېمىلىق باستۇرۇشى توغرىسىدا يېڭى دوكلات ئېلان قىلدى



خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى 10 - ئىيۇن يېڭى دوكلات ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەرنى سىستېمىلىق تۇتقۇن قىلغانلىقىنى ۋە تۈرلۈك قىيىن - قىستاقلارغا ئالغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

160 بەتلىك دوكلاتتا يېقىنقى يىللاردا شەرقىي تۈركىستاندىكى يۈز مىڭلىغان ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ لاگېرلاردا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقانلىقى ۋە قىيىن - قىستاققا ئېلىنغانلىقى بايان قىلىنغان ۋە بۇ لاگېرلارنىڭ تاقىلىشى تەلەپ قىلىنغان. دوكلاتتا يەنە خەلقئارا جەمئىيەتكە چاقىرىق قىلىنىپ، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى توختىتىش تەلەپ قىلىنغان.

دوكلات تەييارلىنىش جەريانىدا جازا لاگېرىغا قامالغان 50 دىن ئارتۇق كىشى زىيارەت قىلىنغان. ئۇلار خىتاي رېجىمىنىڭ كىشىلەرنى قانداق قىلىپ تىلى، دىنىي ئېتىقادى ۋە مەدەنىيىتىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلىغانلىقىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىي بۇرۇش - تۇرۇشى، چەتئەلدىكى بىرەرسى بىلەن ئالاقىلىشىشى دېگەندەك سەۋەبلەر بىلەن جازا لاگېرىغا سولانغانلىقىنى، لاگېردا قىيىن - قىستاققا ئېلىنغانلىقى ياكى باشقىچە خورلانغانلىقىنى، ھەربىكەت ئەركىنلىكىنىڭ قاتتىق چەكلەنگەنلىكىنى بايان قىلغان.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى ئاگنېس كاللامارد ئۇيغۇرلار، قازاقلار ۋە باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ دىنىي ۋە مىللىي كىملىكىنى يوقىتىۋېتىدىغان ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەرگە ۋە باشقا ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى تەكىتلىگەن.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ گېرمانىيەدىكى ئاسىيا مۇتەخەسسىسى تېرېسا بېرگمان شەرقىي تۈركىستاندا يۈزلىگەن مائارىپ ۋە ئۆزگەرتىش ئاپپاراتلىرى تورىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى، قىيناش ۋە باشقا ناچار مۇئامىلىلەرنىڭ بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈشتە قۇرۇلغان لاگېرلاردا كۆپ ئۇچرايدىغان ئادەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

دوكلاتتا يەنە خىتايدا بۇ قىلمىشلار ھەققىدە پىكىر بىلدۈرگەنلەرنىڭ تەھدىتكە ئۇچرىغانلىقى، قولغا ئېلىنغانلىقى ياكى خورلانغانلىقى، يۈزمىڭلىغان مەھبۇسلارنىڭ تەقدىرىنىڭ ئېنىق ئەمەسلىكى تەكىتلەنگەن.

كاللامارد خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئورتاق ھەربىكەتكە ئۆتۈپ، خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى تۈگىتىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن



# قازاقىستان خەلقى خىتايغا نارازىلىق بىلدۈردى

خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەرز تۇزىقى ۋە شەكلى ئۆزگەرگەن كېڭەيمىچىلىك ھەرىكەتلىرى يەرلىك خەلقلەرنىڭ غەزىپىنى قوزغاۋاتقان بىر مەزگىلدە، بىر بۆلۈك قازاقىستان خەلقى خىتاينىڭ قازاقىستان زېمىنىنى ئىگىلەش قىلمىشىغا نارازىلىق بىلدۈرگەن.

14 - ئىيۇن مەركىزىمىزگە ئەۋەتىلگەن بىر سىندىن مەلۇم بولۇشىچە، ئالمۇتا شەھىرى ئەنبەكشى قازاق ئوبلاستىدا خىتاي ئىلگىرى سېتىۋالغان بىر يەرنىڭ ئەتراپىنى تۆمۈر رىشاتكا ۋە سىم تورلار بىلەن قورشاپ توسۇۋالغان بولۇپ، يەرلىك خەلق خىتاينىڭ قازاقىستاننىڭ زېمىنىنى ئىگىلىۋېلىش قىلمىشىغا نارازىلىق بىلدۈرگەن.

نارازىلىق بىلدۈرگۈچىلەر بۇ يىل ماي ئېيىدا قازاقىستاننىڭ چەتئەللىكلەرگە، بولۇپمۇ خىتايغا زېمىن سېتىپ بەرمەسلىك ھەققىدە چىقارغان قانۇننى تىلغا ئېلىپ، قازاقىستان پىرېزىدېنتى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ مەزكۇر قانۇننى ئىجرا قىلمىغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرگەن. ئۇلار قازاقىستان ھۆكۈمىتى ۋە پىرېزىدېنتىغا سوئال قويۇپ: «سىلەر خىتايغا يەر سېتىپ بەرمەسلىك ھەققىدە قانۇن چىقاردىڭلار، يەنە خىتايغا يەر سېتىلىپتۇ، سىلەرنىڭ قايسى گېپىڭلار راست؟! خىتاي بىزنىڭ زېمىنىمىزنى ئىگىلىۋالدى، بۇلارغا كىم رۇخسەت بەردى؟» دېگەن.

نارازىلىق بىلدۈرگۈچىلەر يەنە: «خىتاي بىزنىڭ زېمىنىمىزنى بېسىۋېلىشقا باشلىدى، خىتايىنى 20 يىل ئەمەس، 20 مىنۇتمۇ قازاقىستان زېمىنىدا تۇرغۇزۇشقا بولمايدۇ. ئەي قازاق خەلقى خىتايدىن قورقماڭلار، ئويغىنىڭلار» دېگەن ۋە تۈرلۈك شوئارلارنى توۋلاشقان .

ئۇلار يەنە خىتاي قازاقىستان زېمىنىدىن چىقىپ كەتمىگەن تەقدىردە، نەچچە مىليون قازاق خەلقىنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ نارازىلىق بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئېيتقان ۋە تۈرلۈك شوئارلارنى توۋلاشقان.

نارازىلىق بىلدۈرگۈچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ زېمىن خىتايغا 20 يىللىق سېتىۋېتىلگەن بولۇپ، خىتاي سېتىۋالغان يەردە ئالتۇن ۋە ئوران قازماقچى بولۇپ، بۇ يەرنىڭ ئەتراپىنى ئېگىز سىملىق رىشاتكا بىلەن توسۇۋالغان





# چېخ خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئاتىدى

10 - ئىيۇن چېخ جۇمھۇرىيىتى پارلامېنتى 2022 - يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى بايقۇت قىلىش ھەققىدە قارار ماقۇللىغان بولۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان زىيانكەشلىك ۋە ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ سۈپەتلىگەن.

چېخ جۇمھۇرىيىتى كېڭەش پالاتاسى بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى پاۋېل فىشېر بۇ ھەقتە توختىلىپ: «خىتاينىڭ ئۇيغۇر، تىبەت ۋە باشقا مىللەتلەرگە قاراتقان زىيانكەشلىك قىلمىشىغا سۈكۈت قىلالمايمىز» دېگەن. يىغىندا يەنە خىتاينى دىپلوماتىيە جەھەتتىن بايقۇت قىلىشنى تەلەپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكنى چەكلەش قىلمىشىغا قارشى 2022 - يىللىق بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى بايقۇت قىلىش چاقىرىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرگە قارشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان باستۇرۇش سىياسىتىنى ھازىرغا قەدەر ئامېرىكا، كانادا، گوللاندىيە، ئەنگلىيە ۋە لىتۋانىيە قاتارلىق دۆلەتلەر «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئېتىراپ قىلغان بولۇپ، چېخ مەزكۇر قارارى بىلەن ئالتىنچى دۆلەت بولۇپ قالغان. بۇنىڭدىن باشقا، ياۋروپا ئىتتىپاقى، يەتتە دۆلەت گۇرۇھى، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا ئەزا كۆپلىگەن دۆلەتلەرمۇ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇش قىلمىشلىرىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن.



# بېلگىيە پارلامېنتى ئۇيغۇرلارنىڭ «ئېغىر ئىرقىي قىرغىنچىلىق خەۋپى»گە دۇچ كەلگەنلىكىنى بېكىتتى



15 - ئىيۇن بېلگىيە پارلامېنتى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش سىياسىتىنى «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» ۋە «ئېغىر ئىرقىي قىرغىنچىلىق خەۋپى» دەپ بېكىتتى.

ياۋروپا خەۋەرلىرى تورىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، پارلامېنت ئەزاسى سامۇئىل كوگولاتى فىرانسىيە خەۋەر ئاگېنتلىقىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ: «تاشقى مۇناسىۋەتلەر كومىتېتىدىكى بېلەت تاشلاش نەتىجىسى 1 - ئىيۇل ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا تەستىقلىنىشى كېرەك. بېلگىيە پارلامېنتى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئېتىراپ قىلىشنى نىشان قىلغان ئىدى. ئەمما ھازىرچە پەقەت ئېغىر ئىرقىي قىرغىنچىلىق خەۋپى ئاگاھلاندۇرۇشىنى قوبۇل قىلدى. بۇ ئاۋازغا قويۇش بىر نەچچە ئاي ئىلگىرى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى بىر تارىخىي ئىلگىرىلەش بولدى» دېگەن.

ئېكولو پارتىيەسى بۇ ھەقتە توختىلىپ: «بۈگۈنكى كۈندە زور تۈركۈمدىكى دېموكراتىك كۈچلەر بېيجىڭغا ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان ۋەھشىيلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئىنتايىن كۈچلۈك سىگنال ئەۋەتىۋاتىدۇ. بىز باشتا رىۋاندا ۋە سىرېبرېنىكادىن ساۋاق ئالدۇق. ئەمدى ساقلاپ تۇرمايمىز، شۇنداقلا بەك كېچىكىشتىن ئىلگىرى ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق خەۋپىگە قارشى بارلىق ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىمىز» دېگەن.

بېلگىيە پارلامېنتى بۇ قارارى بىلەن ئامېرىكا، كانادا، گوللاندىيە، ئەنگلىيە، لىتۋانىيە ۋە چېختىن كېيىن، ئۇيغۇرلارغا قارشى يۈرگۈزۈلۈۋاتقان باستۇرۇش سىياسىتىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئاتىغان 7 - دۆلەت ئاپپاراتى بولۇپ قالدى.

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى باياناتچىسى جاۋ لىجيەن بۈگۈن بۇ ھەقتە ئىپادە بىلدۈرۈپ، مەزكۇر تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويغان پارلامېنت ئەزاسىنىڭ يالغان ئۇچۇر تارقاتقانلىقىنى، خىتاينىڭ مەزكۇر پارلامېنت ئەزاسىغا جازا يۈرگۈزۈشنى قارار قىلغانلىقىنى، ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەققىدىكى ئەيىبلەشلەرنىڭ پۈتۈنلەي «ئويدۇرما» ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.





# ئامېرىكىدىكى ئەڭ چوڭ ئىسلامي تەشكىلات خىلتون گۇرۇھىنى خىتاينىڭ جىنايىتىگە شېرىك بولماسلىققا چاقىردى

16 - ئىيۇن ئامېرىكىدىكى ئەڭ چوڭ ئىسلامىي تەشكىلات «ئامېرىكا - ئىسلام مۇناسىۋەتلىرى كېڭىشى» (CAIR) شەرقىي تۈركىستاندىكى چېقىۋېتىلگەن بىر مەسچىتنىڭ ئورنىغا مېھمانخانا سالماقچى بولغان خىلتون گۇرۇھىنى بۇ پىلانىدىن ۋاز كېچىشكە چاقىرغان.

ئەنگلىيە تېلېگراف كۈندىلىك گېزىتىنىڭ مۇخبىرى ئالدىنقى ئايدا شەرقىي تۈركىستانغا زىيارەتكە بېرىپ، بىر قىسىم قىممەتلىك كۆرۈنۈشلەرگە ئېرىشكەن. ئۇلار زىيارەت جەريانىدا خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئىز قوغلاپ نازارەت قىلىشىغا ۋە قوپاللىق بىلەن توسقۇنلۇق قىلىشىغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما بىر قىسىم مەسچىت ۋە مازارلارنىڭ ھەقىقەتەن خىتاي تەرىپىدىن چېقىۋېتىلگەن ياكى ۋەيران قىلىۋېتىلگەنلىكى ھەققىدىكى ئىسپاتلارغا ئېرىشكەن. ئۇلار ئالاقىدار سىن كۆرۈنۈشلىرى ئارقىلىق قىسقا ھۆججەتلىك فىلىم ئىشلىگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ يۈتيۇب قانىلىدا ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنۈپ تارقىتىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئامېرىكىنىڭ خىلتون گۇرۇھىنىڭ چېقىۋېتىلگەن مەسچىت ئورنىغا مېھمانخانا سېلىۋاتقانلىقىغا ئالاقىدار كۆرۈنۈشلەر ئالاھىدە دىققەت تارتقان.

ئامېرىكا - ئىسلام مۇناسىۋەتلىرى كېڭىشى ئىجرائىيە رەئىسى نىھاد ئاۋاد ۋە تەتقىقاتچىسى ئىسمائىل ئالىسون بۇ ھەقتىكى يازما باياناتىدا: «خىتاي ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنى، تارىخىنى ۋە خۇسۇسەن ئىسلامىي كىملىكىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. خىلتون شەرقىي تۈركىستاننىڭ خوتەن شەھىرىدە ۋەيران قىلىنغان مەسچىت ئورنىغا مېھمانخانا سېلىش ئارقىلىق خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا ياردەم قىلىۋاتىدۇ» دېگەن.

باياناتتا خىلتون گۇرۇھىنىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرگە قارىتىلغان زۇلۇم سىياسىتىدىن خەۋەردار بولۇشى ۋە بۇ تۈرنى توختىتىشى كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ: «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يوقىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، خىتاي مەدەنىيەتنى يوقىتىش سىياسىتىنى يولغا قويدى، مەسچىتلەر نىشان قىلىندى. ئاۋسترالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى 2017 - يىلدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستاندا 16 مىڭ مەسچىتنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى ياكى بۇزۇلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەگەر خىلتون شىركىتى ۋەيران بولغان مەسچىت ئورنىغا مېھمانخانا سالسا، بۇ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنى يوقىتىش سىياسىتىگە ياردەم بەرگەنلىك بولىدۇ. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يوقىتىشقا ياردەم بېرىش ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ياردەم بېرىش دېگەنلىك» دېيىلگەن.

ئامېرىكا - ئىسلام مۇناسىۋەتلىرى كېڭىشى يەنە خىلتون گۇرۇھىنى شەرقىي تۈركىستانغا مېھمانخانا سېلىش تۈرىنى توختىتىشقا چاقىرىق قىلغان بىر ئىمزا پائالىيىتى تەشكىللىگەن بولۇپ، كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىدىغان كىشىلەرنى بۇ مۇراجىئەتنامىگە ئىمزا قويۇشقا چاقىرغان.




# خىتاي ئاللىقىنى چەكلىگەنلىكىگە نومۇسسىزلارچە تۆت تۈرلۈك باھانە كۆرسەتتى

خىتاي يەرشارى ۋاقىت گېزىتىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت»نىڭ قورچاق ئەمەلدارلىرى 18 - ئىيۇن بېيجىڭدا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۇيغۇرلارغا تۆھمەت چاپلاش ئارقىلىق ئۆز جىنايىتىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنغان.

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان تېررور سىياسىتى، جۈملىدىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ چەت ئەلدىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى چەكلەش، ئالاقە قىلغانلارنى جازا لاگېرىغا سولاپ ئېغىر جازالاش، چەت ئەلدىكى تۇغقانلىرىدىن تېنىشقا مەجبۇرلايدىغان ئەھدىنامىگە مەجبۇرىي قول قويدۇرۇش قاتارلىق جىنايەتلىرى خەلقئارا جەمئىيەتتە دىققەت قوزغىغاندىن كېيىن، خىتاي تۈرلۈك بېسىملار ئالدىدا ئاخىرى بۇ مەسىلە ھەققىدە ئېغىز ئاچقان.

ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن بىر قىسىم شەخسلەرنى لوندوندا ئۆتكۈزۈلگەن «ئۇيغۇر سوتى»نى تەنقىد قىلىشقا مەجبۇرلىغان. ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت»نىڭ باياناتچىسى ئېلىجان ئىنايەت چەت ئەل مۇخبىرلىرىنىڭ «خىتاينىڭ چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنى شىنجاڭدىكى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئالاقىلىشىشقا رۇخسەت قىلمىغانلىقى ئوتتۇرىغا چىقىۋاتىدۇ، بۇنى قانداق چۈشەندۈرىسىز؟» دېگەن سوئالىغا جاۋاب بېرىپ: «پۇقرالارنىڭ ئۇچۇر - ئالاقە ئەركىنلىكى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ، چەتئەلگە چىقىپ كەتكەن بىر قىسىم ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتىگە ئوخشاش تېررورلۇق تەشكىلاتىغا قاتناشقانلىقى سەۋەبلىك، شىنجاڭدىكى تۇغقانلىرى ئۇلار بىلەن ئالاقىلىشىشنى خالىمايدۇ» دەپ بىلجىرلىغان.

بۇلاردىن سىرت ئۇ يەنە: «چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭدىكى تۇغقانلىرى قاتىللىق، باسقۇنچىلىق، زەھەر ئەتكەسچىلىكى، بۇلاڭچىلىق قاتارلىق جىنايەتلەرگە چېتىلىپ، ج خ ئورگانلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ قويۇلغان. خىتاي قانۇنى بويىچە ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرى بىلەن ئالاقىلىشىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ؛ چەت ئەلدىكى يەنە بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئۆچ خىل كۈچنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن ئۆيدىكىلىرى بىلەن ئالاقىلاشمىغانلىقىنى ئويدۇرۇپ چىقارغان؛ چەت ئەلدىكى يەنە بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بولسا ئالاقە نومۇرىنى خاتا ئېسىدە تۇتۇۋالغانلىقى ياكى نومۇر ئالماشتۇرغانلىقى سەۋەبلىك، تۇغقانلىرى بىلەن ئالاقە قىلالمىغان» دەپ،يۇقىرىقى تۆت تۈرلۈك نومۇسسىز باھانىنى كۆرسەتكەن.

ئۇ يەنە ۋەتەندىكى تۇغقانلىرى بىلەن ئالاقىلىشالمىغان ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ دۆلەتتە تۇرۇشلۇق خىتاي ئەلچىخانا خادىملىرى بىلەن ئالاقىلەشسە، ئەلچىخانا خادىملىرى ئۇلارنىڭ ئالاقىلىشىشىگە ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت»نىڭ باياناتچىسى شۇ گۈيشياڭ مۇخبىرلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ: «نۆۋەتتە بىز چەت ئەلدىكى شىنجاڭلىقلارنى تۇغقانلىرى بىلەن ئالاقىلاشتۇرۇش ئۈچۈن، سىنلىق كۆرۈشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردۇق. تۈركىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، پاكىستان ۋە ئۆزبېكىستان قاتارلىق بەش دۆلەتتىكى شىنجاڭلىقلار بۇ پائالىيەتكە قاتناشتى» دەپ بىلجىرلىغان.

كۆزەتكۈچىلەر مۇھاجىرەتتىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بەش - ئالتە يىلدىن بېرى ۋەتەندىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن ئالاقىلىشەلمىگەنلىكىنى، يەنە بىر قىسمىنىڭ ئالاقە قىلغانلىقى سەۋەبلىك ۋەتەندىكى تۇغقانلىرىنىڭ جازالانغانلىقىنى، بۇنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتكە ئاشكارا بىر ھەقىقەتكە ئايلانغانلىقىنى، خىتاي دائىرىلىرىنىڭ تۈركىيە، قازاقىستان، ياپونىيە، گېرمانىيە، ئاۋسترالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە داۋاملىشىۋاتقان «ئائىلەم قەيەردە؟» ناملىق نامايىش ھەرىكىتىدىكى نامايىشچىلارنىڭ تەلىپىگە، كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى سوئاللىرىغا تېخىچە ھېچقانداق جاۋاب بېرەلمىگەنلىكىنى، ئەكسىچە يۇقىرىقىدەك نومۇسسىزلارچە باھانە كۆرسەتكەنلىكىنى، خىتاينىڭ بۇ ساختىپەزلىكىنى ئېچىپ تاشلاش ئۈچۈن، مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بۇنىڭغا كۈچلۈك، ئاكتىپ ئىنكاس قايتۇرۇشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈشمەكتە.



# گېرمانىيە پارلامېنتى خىتاينى ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ئۆتكۈزدى دەپ جاكارلىدى



گېرمانىيە پارلامېنتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت سادىر قىلغانلىقىنى جاكارلىغان ۋە ب د ت نى شەرقىي تۈركىستانغا مۇستەقىل تەكشۈرۈش ھەيئىتى ئەۋەتىشكە چاقىرغان.

گېرمانىيە ئاۋازىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، مەزكۇر باياناتقا سوتسىيال دېموكراتچىلار پارتىيەسى، ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى ۋە يېشىللار پارتىيەسىنىڭ ئەزالىرى بىرلىكتە ئىمزا قويغان. باياناتتا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان تۈرك سىستېمىسىدىكى مىليونلىغان خەلقنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنى مەقسەتلىك تەسىس قىلىنغان لاگېرلارغا قامىغانلىقى، تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ ھەقتە ئېلان قىلغان دوكلاتلىرىنىڭمۇ خىتاينىڭ تۇتقۇنلارنى قىيىن - قىستاققا ئالغانلىقى، جىنسىي زورلاۋانلىق قىلغانلىقى، مېڭە يۇيۇش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى مىللىي كىملىكىدىن مەھرۇم قىلىشقا ئۇرۇنغانلىقىنى ئىسپاتلىغانلىقى بايان قىلىنغان.

باياناتتا: «گېرمانىيەنىڭ تارىخىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدىن قارىغاندا، گېرمانىيە پارلامېنتى كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمى كومىتېتى خەلقئارا قانۇنغا تېخىمۇ بەك رىئايە قىلىشى كېرەك. شۇڭا بۇ ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى باھالىغاندا، خەلقئارا جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇن بەلگىلىمىلىرىدىن پايدىلىنىشى كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلىمىز» دېيىلگەن.

باياناتتا يەنە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش قىلمىشىنىڭ ئېغىرلىقى سەۋەبلىك، خىتاي كومپارتىيەسى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلار قاتلىمىنىڭ نىشانلىق تەشۋىق قىلىش ۋە يالغان ئۇچۇرلارنى تارقىتىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى ئاتالمىش «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش»نىڭ ئېھتىياجى قىلىپ كۆرسىتىۋاتقانلىقى، شۇ ئارقىلىق رەھىمسىز كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى ئىنكار قىلىۋاتقانلىقى، خىتاينىڭ بۇ مەسىلىدە ھەرقانداق ئىجابىي سۆھبەتنى رەت قىلىۋاتقانلىقى، گېرمانىيە پارلامېنت ئەزالىرى كىشىلىك ھوقۇق توغرىسىدا سۆھبەتنى باشلىغان بولسىمۇ، بىراق خىتاي باش ئەلچىسىنىڭ سۆھبەتكە قاتنىشىشنى رەت قىلغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

باياناتتا يەنە شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە، ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا خەلقئارالىق مۇزاكىرە ئۇيۇشتۇرۇش كېرەكلىكى، مۇشۇنداق قىلغاندىلا خىتاينىڭ تەشۋىقات ھۇجۇملىرىنىڭ ئۆزلۈكىدىن بىتچىت بولىدىغانلىقى، شەرقىي تۈركىستاندىكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنى قۇتۇلدۇرغىلى بولىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن.

مەلۇم بولۇشىچە، گېرمانىيە پارلامېنتى كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمى كومىتېتى بۇ يىل 17 - مايدا ئاشكارا ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى ئېچىپ، خەلقئارا قانۇن ۋە خىتاي مەسىلىسى مۇتەخەسسىسلىرىنى تەكلىپ قىلغان.

# باچلېت: خىتاي ھەمكارلاشمىغان تەقدىردىمۇ لاگېرنى تەكشۈرۈش كېرەك



گېرمانىيە ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى مىشېل باچلېت خىتاي ھەمكارلاشمىغان تەقدىردىمۇ، شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى مەسىلىسىنى تەكشۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

خەۋەردە خىتاينىڭ ئارقىغا تارتىشى سەۋەبلىك باچلېتنىڭ سەۋر قاچىسى توشقان بولۇشى مۇمكىنلىكى قەيت قىلىنغان بولۇپ، كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى ۋە غەرب دىپلوماتلىرىمۇ بۇ مەسىلىدە خىتاي ھەمكارلاشمىغان تەقدىردىمۇ، باچلېت ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشى كېرەك، دەپ قارىغان.

بىلدۈرۈلۈشىچە، باچلېت ب د ت بىخەتەرلىك كېڭىشىنىڭ رۇخسىتىسىز ياكى ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ تەكلىپى بولمىغان تەقدىردىمۇ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش ھەققىدە يىراقتىن ئىسپات توپلاشقا ھوقۇقلۇق ئىكەن. باچلېت ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىگە ئۆزىنىڭ باشقا تاللىشىنىڭ بارلىقىنى، شۇنداقتىمۇ زىيارەت مەسىلىسىدە، خىتاي بىلەن داۋاملىق سۆھبەتلىشىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن. ھالبۇكى، بۇ سۆھبەت 2018 - يىلى 9 - ئايدا باشلانغان بولۇپ، خىتاي ھازىرغىچە ئارقىغا تارتىپ كەلگەن.

باچلېت يەنە ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارلىق ئىشخانىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش مەسىلىسىنى داۋاملىق تەھلىل قىلىدىغانلىقىنى ۋە باھالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق مۇلازىمەت ئورگىنىنىڭ خىتاي ئىشلىرى مۇتەخەسسىسى سارا بىرۇكس بۇ ھەقتە: «كېيىنكى قەدەمدە كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى مىشېل باچلېت ئورنىدىن دەس تۇرۇشى لازىم. بىز يەنە خىتاينىڭ ھەمكارلىقىنى خىزمەتنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىۋېلىپ خاتالاشماسلىقىمىز كېرەك» دېگەن.

باچلېت 21 - ئىيۇن بۇ يىل ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلىش شەرتى توغرىسىدا خىتاي بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە تۇتۇپ تۇرۇلۇشى، قىيىن - قىستاق ۋە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىشى ھەققىدىكى

ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى. خىتاي باچلىقىنىڭ سۆزىگە قارشى ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلغان بارلىق ئەيىبلەشلەرنى رەت قىلىپ: «شىنجاڭدىكى تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرى دىنىي ئاشقۇنلۇققا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن قۇرۇلغان كەسپىي تەربىيەلەش ئورۇنلىرى» دەپ بىلجىرلىغانىدى. سەيشەنبە كۈنى كانادا باشچىلىقىدىكى 45 دۆلەت ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدە بىرلەشمە بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى ۋە باشقا مۇستەقىل كۆزەتكۈچىلەرنى شەرقىي تۈركىستانغا چەكلىمىسىز كىرىپ تەكشۈرۈشكە رۇخسەت قىلىشقا، ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرنى خالىغانچە تۇتۇپ تۇرۇش قىلمىشىنى دەرھال ئاخىرلاشتۇرۇشقا چاقىرغانىدى.

خىتاينىڭ جەنۋەدە تۇرۇشلۇق دائىمىي ئۆمىكىنىڭ باياناتچىسى ليۇ يۈيىن شۇ كۈنى باچلىقىنىڭ سۆزىگە دەرھال ئىنكاس قايتۇرۇپ: «كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى ئالىي كومىسسارىنىڭ خىتاي ۋە شىنجاڭنى زىيارەت قىلىشىنى قارشى ئالىمىز. ئەمما بۇ زىيارەت دوستانە زىيارەت بولۇشى، پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى ئاساس قىلىشى، جىنايەت ئارتىش مەقسەت قىلىنماسلىقى كېرەك» دەپ بىلجىرلىغان ئىدى.



# فرانسىيە پارلامېنت ئەزالىرىمۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ بېكىتىش ھەققىدە تەكلىپ سۇندى



**فرانسىيە خەلقئارا رادىيوسىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، 29 - ئىيۇن فرانسىيەنىڭ 50 كە يېقىن پارلامېنت ئەزاسى بىرلىكتە قانۇن لايىھەسى سۇنۇپ، پارلامېنتنى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش قىلمىشلىرىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ بېكىتىشكە چاقىرغان.**

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، مەزكۇر قانۇن لايىھەسى فرانسىيە پارلامېنتى تاشقى ئىشلار كومىتېتى ئەزاسى فرېدېرىك دۇئامىس خانىمنىڭ باشچىلىقىدا سۇنۇلغان. ئۇ مەزكۇر قانۇن لايىھەسىنى تونۇشتۇرۇپ: «بىز پارلامېنتنىڭ 47 ئەزاسى بۇ تەكلىپنى پارلامېنتقا سۇنۇشنى قارار قىلدۇق. بۇندىن كېيىن بۇ سەپكە تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ قاتنىشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بىز پارلامېنتتىن خىتاي دائىرىلىرىنىڭ شىنجاڭدا ئىجرا قىلىۋاتقان قىلمىشلىرىنى ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت دەپ ئاتاشنى تەلەپ قىلدۇق. شىنجاڭدا باستۇرۇلۇۋاتقان مىللەت ئۇيغۇرلارلا ئەمەس، بەلكى قازاق، تۇڭگان قاتارلىق باشقا مىللەتلەرمۇ بار. فرانسىيە بۇ جەھەتتە باشقا دۆلەتلەردىن خېلىلا ئارقىدا قالدى دەپ قارايمىز. ئەنگلىيە، گوللاندىيە قاتارلىق نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى ياكى پارلامېنتلىرى ئاللىقاچان يېقىندا تىلغا ئېلىنغان قانۇن لايىھەسىنى ماقۇللاپ، خىتايغا خەلقئارالىق جازالاش تەدبىرى قوللىنىشنى تەلەپ قىلدى» دېگەن.

ئۇ سۆزىدە يەنە: «فرانسىيە تېخىچە ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئاتاشنىڭ مۇۋاپىق ياكى ئەمەسلىكىنى مۇزاكىرە قىلماقتا. ئەمما بىزگە نىسبەتەن بۇ نۇقتىدا قىلچە شەك يوق. بىزدە نۇرغۇن يازما، سۈرەت، سىن ۋە باشقا نۇرغۇن بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ئىسپاتلار بار. بىز ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ۋەقەلەرنىڭ قايتا يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا قەسەم قىلغان ئىدۇق» دېگەنلەرنى تەكىتلىگەن.

ئۇنىڭ بىلدۈرۈلۈشىچە، مەزكۇر قانۇن لايىھەسىنىڭ پارلامېنتتا تەستىقلىنىشىدا نۇرغۇن توسالغۇلار بار ئىكەن. نۆۋەتتە بۇ قانۇن لايىھەسگە ئىمزا قويغان 47 پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ ھېچقايسىسى ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيەدىن ئەمەس ئىكەن. قانۇن لايىھەسىنىڭ قاچان ئاۋازغا قويۇلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەشمۇ تەس ئىكەن.

مەزكۇر قانۇن لايىھەسىنىڭ فرانسىيە پارلامېنتىغا سۇنۇلۇشى ئۈچۈن ئاكتىپ ھەرىكەت قىلغان ياۋروپا ئۇيغۇر ئىنستىتۇتىنىڭ رەئىسى دىلنۇر خانىم فرانسىيە خەلقئارا رادىيوسىغا بۇ قانۇن لايىھەسىنى تەستىقلاشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ، بۇ قانۇن تەكلىپىنىڭ بىر تەرەپتىن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى، ھەر قېتىم خەلقئارادا شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك ئەيىبلەش، جازا يۈرگۈزۈشكە ئوخشاش قانۇن لايىھەلىرى ماقۇللانغاندا، خىتاي دائىرىلىرىنىڭ بۇ ھەقتە كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقىنى، نەتىجىدە بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا ئۈمىد بېغىشلايدىغانلىقىنى، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ جەھەتتە ھەرىكەت قىلىۋاتقان مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارغىمۇ ئۈمىد بېغىشلاپ، ئىنتەرگۈچ كۈچ بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.




ۋاشىنگتونغا جايلاشقان ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى ۋە ئوكسۇس ئوتتۇرا ئاسىيا ئىشلىرى جەمئىيىتى 24 - ئىيۇن بىرلىكتە يېڭى دوكلات ئېلان قىلغان بولۇپ، خىتاي رېجىمىنىڭ ئۇيغۇرلارغا زىيانكەشلىك قىلىش قىلمىشىنىڭ چەت ئەللەرگىچە كېڭەيگەنلىكى كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن.

دوكلاتتا 1997 - يىلدىن 2021 - يىلغىچە 28 دۆلەتتە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان قولغا ئېلىش ۋە چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىش ۋەقەلىرىدىن 1546 سىگە قاراپ چىقىلغان بولۇپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ھۇجۇمىنىڭ دۇنيا مىقياسىدا قانداق باشلىنىپ، ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي ئاسىيادىن ياۋروپا، ئوتتۇرا شەرق ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغىچە تېزلىكتە كېڭەيگەنلىكى كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن.

> ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈشىچە، ئەركىن ياۋروپا رادىيوسى بۇ دوكلاتنى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش جەريانىنىڭ ئەڭ ئەتراپلىق بايان قىلىنىشى دەپ سۈپەتلىگەن. دوكلاتتا ئوتتۇرا شەرق ۋە ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلارنى ئاساس قىلغان دۆلەتلەرنىڭ خىتاي بىلەن ھەمكارلىشىپ، شەرقىي تۈركىستاندىن قېچىپ چىققان ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى ئىز قوغلاش، نازارەت قىلىش، تۇتۇپ قېلىش ۋە يۇرتىغا قايتۇرۇۋېتىش قىلمىشلىرى خاتىرىلەنگەن.

ئاكۇس ئوتتۇرا ئاسىيا ئىشلىرى جەمئىيىتىنىڭ تەتقىقات مۇدىرى، دوكلاتنىڭ ئاساسلىق ئاپتورلىرىدىن بىرى بىرادلى جاردىن (Bradley Jardine) بۇ ھەقتە توختىلىپ: «مۇسۇلمانلاركۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان دۆلەتلەر قاتتىق تەنقىدكە قارىماي ئۇيغۇرلارنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراش مەسىلىسىگە سۈكۈت قىلدى. بۇ مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ ساختىپەزلىكىدىنلا ئەمەس، بەلكى خىتاي بىلەن بولغان ھەمكارلىقىدىنمۇ بولغان» دەپ كۆرسەتكەن.

دوكلاتتا ئىسپات سۈپىتىدە 1997 - يىلى پاكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي بۆلگۈنچىلىك بىلەن ئەيىبلىگەن 14 ئۇيغۇرنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكى، ئۇلار خىتايغا قايتۇرۇلغاندىن كېيىن ھەممىسىنىڭ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. دوكلاتتا پاكىستاننىڭ بۇ قىلمىشىنىڭ تۈنجى قېتىم خىتاينىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئۇيغۇرلارنى چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىش ۋەقەسى بولۇپ قالغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

دوكلاتقا يەنە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى خىتاي ئۆلكىلىرىگە سۈرگۈن قىلىش جىنايىتىنىڭ 2017 - يىلدىن باشلاپ كۆپىيىشكە باشلىغانلىقى، ئۇيغۇر قاتارلىق مۇسۇلمان مىللەتلەرنى جازا لاگېرىغا قاماشقا باشلىغانلىقى، ئۇيغۇرلارغا زىيانكەشلىك قىلىش ۋە كونترول قىلىش ھەرىكىتىنى باشقا دۆلەتلەرگىچە كېڭەيتكەنلىكى قەيت قىلىنغان.

# دەۋادىكى ئۇگۇشسىزلىقلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىمىز؟



ئۆزىمىز ئۈچۈن ئەمەس، ھەق ساھىبى بولغان ھەق تائالانىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ماڭىدىغان ھەق دەۋا يولىنى تاللىۋېلىش ھەرقانداق ئىنسانغا نېسىپ بولىۋۈەرمەيدىغان بىر نېمەتتۇر. شۇنداقلا بۇ نېمەتنىڭ ئاخىرەتتىكى ساۋابىنىڭ يۇقىرىلىقىغا بېقىپ، بۇ يولدا ئۇچرايدىغان مۇشكۇلچىلىكلىرىمۇ شۇنچىلىك كۆپ. بۇ مۇشكۇلچىلىكلەرنى يېڭىش ئۈچۈن يالغۇزلا ھەق دەۋاغا بولغان ئاشنالىق، ساۋابقا بولغان ئىنتىلىشنىڭ ئۆزى يېتەرلىك بولالمايدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى بۇ يولدا قىيىنچىلىق، كۈتۈلمىگەن چاغدا يولىمىزدا پەيدا بولىدىغان داۋان، دەسسەپ ئۆتۈش ياكى ئاتلاپ ئۆتۈش مۇمكىن بولمايدىغاندەك كۆرۈنىدىغان تىكەنلىك، سازلىق، مۇزلۇق يوللار، چوڭقۇرلۇقىنى پەرەز قىلغىلى بولمىغىدەك ئېقىنلارنىڭ ئۇچرىشى تۇرغانلا گەپ. خوش، ئۇنداقتا بۇ يوللاردا داۋاملىق مېڭىش، ماڭغاندىمۇ نەتىجە قازانغان ھالدا نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەش ئۈچۈن نېمىلەرنى بىلىشىمىز كېرەك؟

ئالدى بىلەن بۇ جاپالىق يولدا مېڭىش ئۈچۈن غەيرەت ۋە تەۋرەنمەس ئىرادىگە قارىتا چۈشىنىش ۋە ئالدىن تۈزۈلگەن بىر پىلان خەرىتىسى بولۇش كېرەك. ھەرقانداق قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا، ئۇنى بۆسۈپ ئۆتۈشكە چارە ئىزدەيدىغان تەييارلىق بولۇش كېرەك. خۇددى بىرلا ۋاقىتتا نەچچىلىگەن ئىشتا ئىشلەتكىلى بولىدىغان بىر زاپچاسقا ئوخشاش تۈرلۈك ئەھۋالدا تەمتىرەپ كەتمەي، سۈكۈت بىلەن ئىشنىڭ ماھىيىتىنى ئاڭقىرالايدىغان پىكىر ۋە ھېكمەت ئىگىسى بولۇشقا توغرا كېلىدۇ.

بۇ يەردە يەنە ئىدىيەدە تەييارلىق قىلىش زۆرۈر بولغان باشقا بىر نۇقتا بار. ئۇ بولسىمۇ بۇ يولدا ئەڭ ئىشەنچلىك دەپ قارالغان سەپەرداشلارنىڭ يېرىم يولدا چۈشۈپ قېلىپ، سىزنى يالغۇز تاشلاپ قويۇشى ياكى سىزگە ئاسىيلىق قىلىپ قېلىشى ئېھتىماللىقى ۋە ياكى ئىشەنچ قىلغان تەرەپلەردىن، ئويلىمىغان يەردىن ئاھانەتكە ئۇچراش ئېھتىماللىقى.

دەۋادا ئوڭۇشلۇق مېڭىش مۇمكىن بولمىغاندىمۇ، يولغا چىقىپ بولغاندىن كېيىن يۈز بېرىدىغان تۈرلۈك ئەھۋاللارغا قارشى دەۋا ئىگىسىدە بولۇشقا تېگىشلىك پىرىنسىپال نۇقتىلاردىن بىرقانچىنى بۇ يەردە بايان قىلىپ ئۆتسەك پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن.

ئۈستىدە ئوخشىمىزلىقتا ئۇچرىغان بولسا، بۇنىڭ چوقۇم بىر ئىلاھىي ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىگە ئىمانىمىز كامىل بولۇش، «ئاللاھ ھەر ئىشنىڭ خەيرلىكىنى نېسىپ قىلسۇن» دەپ تەسلىمىيەتچىلىك مۇئامىلىسىدە تۇرۇش لازىم.

ھەق يولدىكى بۇ ئوخشىمىزلىق بىرەر ئورۇن، بىرەر گۇرۇھ ياكى بىرەر شەخسلەر تەرىپىدىن قەستەن ياكى مەقسەتسىز ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئەھۋالدا دەرھال ئاتلىنىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈش ۋە ئىنتىقام تۇيغۇسىدا كېيىن پۇشايمان قىلغۇدەك ئاقىۋەتكە قالىدىغان ئىش-ھەرىكەتتىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەك. بۇ چاغدا يەنە ئەڭ كېرەك بولىدىغىنى ئىشنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى ئىنچىكە كۆزىتىش ۋە ئەتراپلىق ئىزدىنىش ئارقىلىق كېلىپ چىقىش سەۋەبى ئۈستىدە باش قاتۇرۇش، ئېتىلگەن ئىشىكنى ئېچىشقا تىرىشىپ كۆچ سەرپ قىلغاننىڭ ئورنىغا، باشقا ئىشىك، بولمىسا باشقا بىر پەنجىرە ئىزدەشكە تىرىشىش.

ھەق يولغا چىقىشتىن بۇرۇن تۈرلۈك ئېھتىماللىقلارغا قارىتا تەييارلىق پوزىتسىيەسىدە بولۇش قانداق مۇھىم بولسا، يول ئۈستىدە ئالدىغا چىققان، كۈتۈلمىگەن مۈشكۈلچىلىكلەرگە، زىيانلارغا قارىتا تەۋرەنمەس ۋە كەينىگە چېكىنمەيدىغان قارارى مۇستەھكەم بىر ھالەتنى نامايەندە قىلىشنىڭ بۇ قىيىنچىلىقنى پەيدا قىلغان قارشى كۈچلەرنىڭ ئارقىغا چېكىنىشىگە بىر بېسىم ھاسىل قىلىدىغانلىقى، ھەتتا ئارقىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدىغانلىقىنى ھەم بىلىپ يېتىش كېرەك.

## ھەرگىز بەل قويۇۋەتمەسلىك

ناۋادا بۇ يولغا قەدەم قويغان كىشى ھەق يولدا مېڭىشقا ھەقىقىي بەل باغلىغان بولسا، بۇ يولدىكى تاغدەك توسالغۇلار ئۇنى ئارقىغا قايتۇرماسلىقى كېرەك. بىلىش كېرەككى، ئالدىغا چىققان توسالغۇنىڭ چوڭلۇقى، مىقدارىنىڭ كۆپلۈكى، ئەزىيىتىنىڭ ئېغىر بولۇشى ماڭغان يولىنىڭ ھەقىقەتەن توغرا ۋە ساۋابى كاتتا يول ئىكەنلىكىنىڭ ئىشارىتىدۇر.

ھاياتتا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ئەھۋالنىڭ بىرى شۇكى، ئىنسان قىلغان ھەرقانداق بىر ئىشتا غەلىبە قازانغان ۋاقىتتا ئۇنىڭدىن سوئال سورايدىغانلار كۆپ بولغىنىدەك، ئوخشاشلا قىلىۋاتقان ئىشتا مەغلۇبىيەت، تەۋرىنىش ياكى ئىلگىرىلىيەلمەستىن



## ھاياجاندىن يىراق بولۇش، سوغۇققان، تەمكىنلىكنى ساقلاش

ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان كىشى ياكى ئەھۋالغا يولۇققاندا، ئورنىنى تولدۇرۇۋالغۇسىز بىرەر زىيان ياكى يامان ئاقىۋەتكە دۇچ كەلگەندە دەرھال ھاياجانلىنىش، قايغۇرۇش، غەزەپلىنىش... قاتارلىقلار ھېس-تۇيغۇلار تەبىئىي ھالدا كۆرۈلىدۇ. بىراق بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇ قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسى بولالمايدۇ. بۇنىڭ چارىسى بار دېيىلگەندىمۇ، پەقەتلا سوغۇققان، تەمكىن ھالەتنى ساقلىغاندا ئاندىن تەدبىر قوللانغىلى بولىدۇ.

## مەسىلىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ئايرىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك

ناۋادا يۈز بەرگەن بۇ توسالغۇ ياكى ئوخشىمىزلىق مەلۇم بولغان ھامان ئۇنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىنى، ماھىيىتىنى پەرقلەندۈرۈشكە قانچە تېز ھەرىكەت قىلىنسا، ئۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ، توسالغۇنى بۆسۈشنىڭ چارىسىمۇ شۇنچە ئاسان تېپىلىدۇ. بۇ يەردە ھەممىدىن بەك دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە شۇكى، شىكايەت، باشقىلارنى ئەيىبلەش، زارلىنىش، ئورۇن ياكى شەخسلەرگە ھۇجۇم قىلىش، ئۆچ ئېلىش، جازا خاراكتېرىدىكى ئۇسۇللارنى قوللىنىش ھېچقانداق ئىشقا يارىمايلا قالماي، مەسىلىنى تېخىمۇ چىگىشلەشتۈرۈۋېتىدۇ.

«ھەر ئىشتا بىر خەيرلىك بار» دەيدىغان مۆمىنلەرگە خاس بولغان نېگىزلىك چۈشەنچىدىن ئايرىلىپ قالماسلىق

ئەگەر بۇ ھەق يولدا نىيەتلەر دۇرۇس، تەدبىرلەر ئەتراپلىق، تىرىشچانلىقلار تولۇق بولۇپ تۇرۇپ، يول

چارىسىزلىق كۆرۈلگەندە ھەم سوئال يامغۇرىغا تۇتۇلىدۇ. غەلىبە قازانغاندا سوئاللارغا جاۋاب بېرىش ئاسان بولغىنى بىلەن، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا سوئاللارغا جاۋاب بېرىش ھەم رېئال ئەھۋالدىن، ھەم ئىنساننىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىنىڭ ئىپادىلىنىشى تەرەپتىن تەسكە توختايدۇ. بىراق شۇنى بىلىش كېرەككى، بۇنداق ئەھۋالدا سورالغان سوئاللارغا ئەڭ باشتىكى تەۋرەنمەس تۇيغۇسى بىلەن ئىنتايىن خاتىرجەم ۋە ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا جاۋاب بېرىش ئېتىلگەن ئىشىكلەرنىڭ ھېچ ئويلىمىغان ۋەسىلىلەر بىلەن ئېچىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

ئەڭ ئاخىرىقى شۇنداقلا ئەڭ مۇھىم بولغان نۇقتا شۇكى، بۇ ھەق يولدا يۈز بەرگەن ئوڭۇشسىزلىق كۆرۈنۈشتە پۈتۈنلەي باشقىلار ياكى سىرتقى سەۋەبلەر تەرىپىدىن كەلتۈرۈپ چىقىرىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، شۇ نۇقتىنى ھەرگىز ئۇنتۇماسلىق كېرەك. يەنى ئەڭ ئاۋۋال «ئەجەبا مەن ياكى بىز نەدە، قانداق خاتا قىلىپ قالدۇق؟ باشقىلارنىڭ بۇ قەدەر مۇشكۈلچىلىك، توسالغۇ پەيدا قىلىشى، ئۆچمەنلىك تۇيغۇسىدا يولىمىزغا تىكەن چېچىشىغا مەن ياكى بىزدىكى قايسى غەپلەت، قايسى كەمچىلىك، قايسى جەھەتتىكى بىخۇدلۇق، قايسى خىل خاتا قارار ياكى ئۇسلۇبى توغرا بولمىغان كىشىلىك مۇناسىۋەت سەۋەب بولدى؟» دەپ پىكىر يۈرگۈزۈش بولسا ئەڭ ئاقىلانىلىك ۋە مەسىلىنىڭ ھەل بولۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم نۇقتىدۇر.

مۇنەۋۋەر ئۆزئۇيغۇر

2021 - يىلى 23 - ئىيۇن، ئىستانبۇل






بۈندىن 12 يىل مۇقەددەم خىتاينىڭ شاۋگۇەن شەھىرىدىكى شۈرى ئويۇنچۇق زاۋۇتىدا (قىزلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) 50 تىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياش ئىرقچى خىتايلار تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە شېھىت قىلىنغان ئىدى.

## مەنبەلەر

http://istiqlalhaber.com/page/news/3915:
https://istiqlalhaber.com/page/news/3918:
https://istiqlalhaber.com/page/news/3934:
https://istiqlalhaber.com/page/news/3914:
http://istiqlalhaber.com/page/news/3805:
https://istiqlalhaber.com/page/news/3958:
http://istiqlalhaber.com/page/news/3971:
https://istiqlalhaber.com/page/news/3984

# ئىستىقلال ئاۋازى

شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟

بۇ ھەقىقەتلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان زۇلۇملارنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقىقەتكە يالغان ئۇچۇرلىرىنى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


باش مۇھەررىر ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق

تەھرىر يۈسۈپجان قۇرۇم

لايىھەلىگۈچى ئۆركەش

بەتچىك ئىرشات سەرھان

ھەجۋىي رەسىم رەدۋا ئادىل

نەشر قىلغۇچى ئورۇن شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى

نەشر تۈرى ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى



ئادرېس Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dükkan 2
Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL

info@turkistanmedia.com
www.istiqlalhaber.com
www.istiqlalmedia.com
+90 212 540 31 15
+90 553 895 19 33
+90 541 797 77 00